بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# مۇكەممەل مۇسۇلمانلار ۋە ھازىرقى تەلەپ

-مەدەنىيەتلىك تەربىيە كۆرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ
ئەمەلىيىتى ۋە تەلەپ قىلىنغان مەدەنىيەت

سەئىد ھەۋۋا

سالام نەشرىياتى

# كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇ - سانا بىر الله قا خاستۇر . الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى مۇھەممەد ئەلەيھ ـ ـسسسالامغا ، ئائىلە تاۋاباتلىرى ، دوست - يارەنلىرىگە بولسۇن .

ھازىرقى مۇسۇلمانلار موھتاج بولىۋاتقان ھەمدە ئۆزىنى مۆكەممەل مۇسۇلمان قىلىپ چىقىشتا بىلىش ناھايىتى زۆرۈر بولغان ئىسلام مەدەنىيىتى نەزەرىيىسى نېمە ؟

ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنى ئەخلاقى جەھەتتە يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم بولغان ئىسلام ئەخلا قى نەزەرىيىسى نېمە ؟

ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ قايسى دەرىجىدە ؟ ئىسلام مەدەنىيىتى ، ئىسـ ـلام ئەخلاقىغا تۇتقان مەيدانىچۇ ؟

ئىسلام مەدەنىيىتىنى ۋە ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆگىنىش ھازىرقى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىم ؟

شەخس ۋە جەمىيەتنىڭ دىنى ھاياتى كۆچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ناھايىتى زۆرۈر . شۇنداق بولغاندىلا نىشانى ئېنىق ، الله يۈكلىگەن مەسئۇلـ ـيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان يېڭى بىر مۇھىت ئۈچۈن ياخشى ئاساس بارلىققا كېلىدۇ .

بۇ سوئاللارغا توغرا جاۋاب بېرىلمىگەندە ، ئىسلام سىپىدىكى شەخس ۋە مۇسۇلماندىن مۇـ كەممەللىك تېپىلمايدۇ . ئىسلام خىزمىتىدە بولىۋاتقان ھەر بىر مۇسۇلمان ياكى جەمئىيەت ياكى ئۇستاز ، ئالىملار ھەر بىر مۇسۇلماننى ئىسلام ئېڭى ، ئىسلام مەدەنىيىتى ، ئىسلام ئەخلاقى مۇھىتىدا يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ساپ مۇھىت بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھازىرقى جەمئىيەت ، ئىسلام مەدەنىيىتى ، ئىسلام ئەخلاقى نەزىرىيىسىگە نىسبەتەن ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇشى لازىم .

ئىسلام دىنىدا بىلىش ئەمەل قىلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ . ئادەتتە ، ئەجرا قىلىشتىن بۇرۇن توغرا تونۇش بولۇش كېرەك . ساغلام تەسەۋۋۇردىن توغرا ھۆكۈم بارلىققا كېلىدۇ . ئەگەر

بىلىش توغرا ، نەزەرىيە توغرا ، تەسەۋۋۇر ، ئىدىيە ساغلام بولسا توغرا ئەمەل بارلىققا كېلىدۇ . بارلىق ئىشلار ساغلاملىشىدۇ . ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن يول تېپىلغاق ، خەتەر تولا ، ئەگىر۔ توقايلىقلار ناھايىتى كۆپ . بولۇپمۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە تېخىمۇ شۇنداق .

مەن بۇ كىتابتا يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىشكە يېتەرلىك ساغلام بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتىم .

اللہ تائالانىڭ بىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنى خالىس ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشنى ، خىزمەتلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى ئىشقا مۇيەسسەر قىلىشنى سورايمىز .

« ئى پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى قوبۇل قىلغايسەن . سەن ھەممىنى ئاڭلاپ، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن . »

# مەدەنىيەتلىك ، تەربىيە كۆرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە تەلەپ قىلىنغان مەدەنىيەت

الله ، ئىسلام دىنىنى ئۆزىنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرىنىڭ سۈننىتىدە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان، ھەمدە ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئاننى «ساڭا ، بىز كىتابنى ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ نازىل قىلدۇق(1) » « قۇرئان ھەممە نەرسىنى تەپسىلىي ، ئېنىچكە بايان قىلغۇچىدۇر .(2) » دەپ سۈپەتلىگەن . مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئىككى ئايەت ۋە شۇ قاتاردىكى ئايەتلەردىن ھەم شۇ ئايەتلەر مەزمۇنىدىكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ھاياتلىقتا قانداقلا بىر مەسىلە بولىدىكەن ، ئۇنىڭغا الله نىڭ كىتابى ، پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسىدە تەپسىلىي ، ئېنىق ھۆكۈملەرنىڭ بارلىقىنى ، الله نىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ يىغىندىسى دەل ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىنى ، الله نىڭ بارلىق ئەمىر - پەرمانلىرىغا قەتئىي ، ئىزچىل تۈردە بويسۇنغان كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ، « ئۆزىنى الله قا تاپشۇرغان كىشىدىن ، دىن جەھەتتە ياخشىراق ئادەم بارمۇ ؟(3) »

(1) 16ـ سۈرە،89ـ ئايەت
(2) 12ـ سۈرە،111ـ ئايەت
(3) 4ـ سۈرە، 124 ـ ئايەت

مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇنى ، ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ، بۇ مەنانى چۈشەنمىدى . ھەتتاكى مۇسۇلمانلاردىن مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىسلامنى - الله نى بار ، پەيغەمبەرنى ھەق دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ، ناماز ، زاكات ، روزا ، ھەجلا دەپ چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدى . ئەمەلىيەتتە ، بۇ بەش ئاساسىنىڭ بىر پۈتۈن ئىسلام بولماستىن بەلكى ئىسلامنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىلدىغانلىقىغا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان .. »دېگەن سۆزى بىلەن باشلانغان ھەدىس كەسكىن پاكىت بولالايدۇ .(1)

ئۆي تۆت تۈۋرۈك بىلەن قوپۇرۇلغان دېيىلگەندە ، ئىنسان بۇ سۆزىدىن پەقەت تۆت تۈۋرۈكلا ئۆي ، دەپ چۈشەنسە ، بۇ زور خاتالىق . ھەدىستىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ ، بۇ يەردە ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرى بار . ئەلۋەتتە بۇ ئاساس ئىسلامدىن ئەمەس دىگەنلىك ئەمەس .ئۆينىڭ تۈۋرۈكلىرى ئۆينىڭ بىر قىسمى ، شۇنىڭدەك ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىمۇ ئىسلامنىڭ بىر قىسمى . گەرچە بىر ئاساس بولسىمۇ شۇنداق . ئۇنداقتا ، ىسلامنىڭ ئاساسى ئۈستىدىكى ئومۇمى قۇرۇلۇش جەمئىيەت ، ئەخلاق ، سىياسەت ، تىنىچلىق ،ھەربى ئىشلار ، مەدەنىيەت - مائارىپ قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدىكى الله نىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ،بۇنى بىلگەنلەر بىلدى، بىلمىگەنلەر بىلمىدى. لېكىن ، دەلىل - ئىسپات مەۋجۇت تۇرۇپ ، بىلمەسلىككە سەۋەب نەدىكەن !

مانا بۇ ھەقىقى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرۇندىن ھازىرغا قەدەر ، ئىسلام دىنى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بىلەن ھەقىقى مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ چۈشەنچىسى ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن پەرق .

(1) بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

ھەقىقەتەن ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام چۈشەنچىسى مۇكەممەل ، ساغلام، ئومۇمىي چۈشەنچە ئىدى.ئۇلار ھاياتلىقتىكى بارلىق ئىشلارغا ، پەقەت الله لا ھۆكۈم قىلىدۇ ، الله دىن باشقىسى ھۆكۈم قىلىدىغان بىرمۇ مەسىلە يوق . ھەم بولمايدۇ ، بارلىق ھۆكۈم الله خاس ، دەپ چۈشۈنەتتى . بۇ ، ئوچۇق ئىش تۇرسا ، نېمىشقا شۇنداق بولمىسۇن ؟!

الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرغان تۇرسا : «ئى مۆئمىنلەر ، سىلەر الله نىڭ ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى ئالدى بىلەن قىلماڭلار . الله دىن قورقۇڭلار . الله ھەقىقەتەن سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ، نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر .(1) » « ئەگەر سىلەر الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار ، بىرەر ئىشتا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار . بۇ توغرىدا الله قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار .(2) » « ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈردۇق ، دەۋالغان كىشىلەرنى كۆرمىدىڭلار-مۇ ؟ ئۇلار ، ئەرزنى كۇپرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولىۋاتىدۇ . ھالبۇكى ئۇلار كۇپرىنى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان .(3) »

لېكىن ، سىز بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىدىن ئىسلام توغرىسىدا سورىسىڭىز نېمىگە ئېرىشىسىز ؟بىز كۆپ تەجرىبە ئەلىپ باردۇق . ئوخشىمىغان سەۋىيىدىكى مۇسۇلمان كىشىلەردىن ئىسلام توغرىسىدا سورىدۇق . ئەمەلىيەتتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل نەتىجىنى ئىسپاتلاپ بەردى .

بىرىنچى، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام چۈشەنچىسى ، ئىسلامنى تونۇشى ئوخشاش بولمىغانلىق سەۋەبى بىلەن قالايمىقان ، بىرلىككە كەلمىگەن چۈشەنچە .

---

(1)49ـ سۈرە، 1 ـ ئايەت
(2)4ـ سۈرە، 58 ـ ئايەت
(3)4ـ سۈرە، 60 ـ ئايەت

ئىككىنچى ، ئىسلامنى تونۇشتۇرغۇچىلار ، ئۇنىڭ بىر قىسىم تەرەپلىرىنى تونۇشتۇرغان. ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى تولۇق تونۇشتۇرمىغانلىق سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇنىنىڭ ئىسلامى چۈشەنچىسى كەمتۈك ۋە بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە .

## 2

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا بولغان چۈشەنچىسى قالايمىقان بولغاچقا ، ئۇنىڭ كىشىلەردىن ئىسلامى ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىشىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن .

ئەسلىدە ، مۇسۇلمان الله نىڭ ھۆكۈمىنى ، پەقەت الله نىڭ ھۆكۈمىنى كىشىلەرگە توغرا يەتكۈزۈشكە لايىق بولغان ، ئىشەنچىلىك مەنبەدىن ئېلىشى كېرەك ئىدى . « ئەلۋەتتە ، بۇ ئىلىم - دىندۇر . سىلەر دىنىڭلارنى قوبۇل قىلىپ ئالىدىغان كىشىلەرگە قاراڭلار .(1) » الله تائالا ، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ باشقىسىغا ئىتائەت قىلىش كۆرۈنۈشىنى شەكىللەندۈرگەن بارلىق مۇناسىۋەتلەردىن مۇسۇلمانلارنى توسقان . « قەسەمخور ، پەس كىشىلەرگە ئەگەشمىگىن . (2)» « زىمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار .(3) » « كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن . ئۇلار ساڭا قىلغان ئازاب - كۆلپەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن .(4) »

« ئى مۆئمىنلەر ! ئەگەر ئەھلى كىتابتىن بىر گورۇھقا ئىتائەت قىلساڭلار ، مۆئمىن بولغىنىڭلاردىن كېيىن ، ئۇلار سىلەرنى كاپىر قىلىپ قويىدۇ .(5) »

(1) مۆھەممەد ئىبنى سىيرىيىنىل ئەنسارى تابىئىننىڭ سۆزىدىن .( 110ـيىلى ۋاپات بولغان ) .
(2) 68ـسۈرە، 10 ـ ئايەت.
(3) 26ـسۈرە ،151، 152 ـ ئايەت.
(4) 33ـسۈرە، 48 ـ ئايەت.
(5) 3ـسۈرە، 100 ـ ئايەت.

« ئى مۆئمىنلەر ! ئەگەر سىلەر كاپىرلارغا ئىتائەت قىلساڭلار ، ئۇلار سىلەرنى ئارقاڭلارغا يەنى ( كۇپۇرغا ) ياندۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتىپ قالىسىلەر .(1) » « ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر ( يەنى كۇففار ) گە ئىتائەت قىلساڭ ، ئۇلارنى سېنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ .(2) » ھەتتاكى، ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قۇرئاندا مۇنداق بار ، ھەدىستە مۇنداق بار دەپ قۇرئان ، ھەدىستىن ئىختىيارىچە ھۆكۈم چىقىرىپ ، كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىشقا ھەمدە مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بىر - بىرىدىن الله نىڭ ھۆكۈملىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىشلىرىنى قۇرئان ، ھەدىستىن الله نىڭ ھۆكۈمنى چىقىرىشقا لاياقتى بار كىشىلەرگە تاپشۇرۇشقا ، خالىغانلا كىشىگە ھۆكۈم قىلدۇرماسلىققا بۇيرۇغان . « ئەگەر ئۆزۈڭلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى پەيغەمبەرگە ۋە ھۆكۈم چىقىرىشقا لايىق بىلىمى بارلىقى بىلىنگەن مۇسۇلمان رەھبەرلەرگە تاپشۇرساڭلار ( بولمامدۇ ؟ ) .(3) » ھۆكۈم پەقەت ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ئاتالغۇسىدا ‹ مۇجتەھىد › دەپ ئاتالغان كىشىلەردىن ئېلىنىدۇ . بۇرۇنقى مۇسۇمانلار بۇ نۇقتىغا قاتتىق ئەمەل قىلغان بولۇپ ، ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىستىن ھۆكۈم چىقىرىش ئامىللىرىغا ئىگە بولماي تۇرۇپ ، الله نىڭ ھۆكۈمنى ئېلىشقا تىرىشقان كىشىنى گەرچە ئۇ سالىھ ، تەقۋا كىشى بولسىمۇ ، ئازغۇچى ھەم باشقىلارنى ئازدۇرغۇچى ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بولمايدۇ ، دەپ ھېسابلايتتى .

ئەمما ھازىرقى ئومۇمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى ، قانداقلا بىر ئادەم ئۇلارغا : بۇ ئىسلام ياكى مەن داۋاتقان سۆز ئىسلامغا زىت كەلمەيدۇ دېسە ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ . ھەتتا ، ئۇلارغا بىلىمى ، دىنى بۇلغۇنۇپ كەتكەن ، شەرقلىقلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ، بىلىمىنىڭ ساختا تونىغا يۆگىنىۋالغان ، شەرقپەرەس سۆزلەپ :

---

(1) 3ـ سۈرە، 149ـ ئايەت .
(2) 6ـ سۈرە، 116 ـ ئايەت.
(3) 4ـ سۈرە، 83 ـ ئايەت.

دىندا مۇشۇنداق بار . مېنىڭ دېگىنىم دىندىن دىسە ، گەرچە ئۇ دېگەنلىرى نادانلىق ۋە جاھىلىيەتنىڭ ئۆزى بولسىمۇ ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ سۆزىنى راست تەستىقلاپ ، ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان بولۇپ كەتتى . ھەتتاكى سىز شۇنى ئېنىق كۆرىدىغان بولۇپ قالدىڭىزكى ، مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇنى ، ئۆزلىرىنىڭ خاتا قارشى بىلەن دىنىسىز رەھبەر، باشلىقلارنى دوست تۇتۇپ ، ئۇلارنىڭ دېگىنى دىن ياكى ئىسلامغا قارشى چىقمايدۇ ، دەپ قاراپ ئۇلارغا ئەگىشىۋاتىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازىنى ئۆزگە ئوخشمايدىغان كىشلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن ، يەنە ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرسىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىقنى كۆپەيتىۋەتكەن . يەنە بىر ئىش ، ئىسلام ئالىملىرى دەپ ئاتالغان كىشلەردىن نۇرغۇنى باركى ، ئۇلارنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى تونۇشى خاتا بولۇپ ، كۇپرىنى دوست تۇتقان ، كۇپرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتكەن ، دوستلۇقنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئەمەس ، كۇپرىغا تەقتىم قىلغان . يەنە ئۇلاردىن بىر بۆلەكلىرى باركى ، ئۇلارنىڭ الله نىڭ ھۆكۈمىنى بىلىش ۋە ئۇنى كىشلەرگە يەتكۈزۈش سالاھىيتى يوق . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇنداق دىنى ئالىم نامىدا ئاتالغان كىشلەرنىڭ ھۆكۈم پەتىۋالىرى ئىسلام دىنغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئېغىر زىيانلارنى ، تولدۇرغۇسىز ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى . بۇنىڭدىكى سەۋەب ، نۇرغۇن دىنى ئالىملارنىڭ الله تاپشۇرغان مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئېلىش ، كىشلەرنى دىنغا يېتەكلەش ، توغرا رەۋىشتە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش لاياقتىنىڭ بولمىغانلىقىدا .

ئۆز ۋاقىدا ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام بىلەن بىرلىشىشى ئەتراپلىق ، ھەر قايسى بۆلەكلەر بىلەن ماسلىشىشى مۇكەممەل ئىدى . ئۇلار « لا إله إلا الله - الله دىن باشقا ئىلاھ يوق » بىلەن بىرلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغىنىدەك ، ناماز بىلەنمۇ بىر گەۋدىگە ئايلانغان ، ناماز بىلەن بىرلەشكىنىدەك دىنى قېرىنداشلىق بىلەنمۇ بىرلەشكەن . « ھەقىقەتەن مۆئمىنلەر قېرىنداشتۇر .(1) » ئۇلار دىنى قېرىندشلىق بىلەن بىرلەشكىنىدەك دىنى دوستلۇق بىلەنمۇ بىرلىشىپ ، مۆئمىنلەردىن باشقىسىنى ھەرگىز دوست تۇتمىغان . « مۆئمىن ئەرلەر ، مۆئمىن ئايالار ئۆز ئارا دوست .(2) »

ئۇلار دوستلۇقنىڭ مەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنىدەك ، جىھادنىڭ تەسىرىگە ، ئىقتىسادى مەسىلىلەردىكى ھالال، ھارام ھۆكۈملىرىنىڭ تەسىرىگە ، يىغىپ ئېيتقاندا ، ئىسلامنىڭ يەنى قۇرئاننىڭ بىر پۈتۈن ھۆكۈملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، بارلىق ھۆكۈم شۇنداقلا ، قۇرئان بىلەن بىر پۈتۈن بىرلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان . بىز ئۆمەرنىڭ كاپىر ئەسىرنى مۇسۇلمان تۇققىنىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ، ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇشرىك ئوغلى بىلەن جەڭگە چۈشمەكچى بولغانلىقىنى بىلگىنىمىزدە ، ئۆز ۋاقتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ « الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا قارشى چىققانلارنى دوست تۇتقانلىقىنى تاپالمايسەن .(3) » دېگەن ئايەت بىلەن بىرلىشىش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . خالدنىڭ قوماندانلىقىدىن ئاددىي ئەسكەر قاتارىغا چۈشۈپ كەتكەندە ، ئۇنىڭغا بولغان دوستلۇقنىڭ قىلچە ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىسىنىڭمۇ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ، خالد بۇ ئىشنى خورلۇق دەپ قارىمىغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە ، مۇسۇلمانلارنىڭ

---

(1) 49- سۈرە ، 10- ئايەت .
(2) 9- سۈرە ، 71- ئايەت .
(3) 58- سۈرە ، 21- ئايەت .

« الله قا ، الله نىڭ رەسۇلىغا ، ئۆز ئىچىڭلاردىكى ئىش ئىگىلىرىگە بويسۇنۇڭلار(1)» دېگەن ئايەت بىلەن بىرلىششىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز .

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنسارلارغا بىرەر ئىشلاردا چەك تاشلىشىش ئارقىلىق يول قويغانلىـقىنى كۆرگىنىمىزدە ، مۇسۇلمانلارنىڭ الله تائالانىڭ « ھەقىقەتەن بارلىق مۇسۇلمانلار قېرىنداش(2)» دېگەن ئايىتى بىلەن بىرلىشىش دەرىجىسىنى بىلىمىز . مەدىنىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە ، جەڭدىن قالغان ئۈچ كىشىدىن مۇئامىلىسىنى ئۆزگەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە ، مۇسۇلمانلارنىڭ بويسۇنۇش ئىدىيىسى بىلەن بىرلىشىش ئىدىيىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . « ئىتائەت قىلىش ۋە چىرايلىق سۆز قىلىش ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى(3)» .

بىز ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ، بىر قىسىم ساھابىلەرنىڭ ئىبادەتتە چېكىدىن ئېشىپ كەتكىنىنى يەڭگىللەتكەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە ، مۇسۇلمانلارنىڭ الله تائالانىڭ : « پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار(4)» دېگەن ئايىتى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە بىرلەشكەنلىكىنى بىلىمىز .

بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسى بولغان دەسلەپكى نەمۇنىلىك ئەۋلادلارنىڭ ئىسلام بىلەن بىر گەۋدىلىنىشى مۇكەممەل ھەم تولۇق بولغان ئىدى . بىز بۇلارنىڭ ئىسلام بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىش نىسبىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن ، ئۇلارنى سۈپەتلىگەن ئايەتلەردە ئازىراق توختۇلۇپ ئۆتمەكچىمىز . الله تائالا مۇنداق دېگەن : « مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر . ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇفارلارغا قاتتىقتۇر . ئۆز - ئارا كۆيۈمچاندۇر . ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان ، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن . ئۇلار الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ . ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن

(1) 4ـ سۈرە ، 59ـ ئايەت .
(2) 49ـ سۈرە ، 10ـ ئايەت .
(3) 47ـ سۈرە ، 20 – 21ـ ئايەت .
(4) 22ـ سۈرە ، 77ـ ئايەت .

نـشانلار بار ، ئەنە شۇ ئۇلارنـىڭ تەۋراتتـىكى سۈپـىتـىدۇر . ئۇلارنـىڭ ئـىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا ( ئۇلار ) شاخ چىقارغان ، كۈچلـىنـىپ چوڭايغان ، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان ، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرىنىشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ . ( مۆئـمـىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشـىتـىش ) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر ، الله ئۇلارنـىڭ ئـىچىدىن ئـىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلدى .(1) » ( ئۇلارنـىڭ مىسالى ئـىنجىلدىمۇ بار ....)

ئـىدىيە - ئۇرۇق . ئـىنسان شۇ ئۇرۇق چۈشـىدىغان جاي . ئەگەر ئۇرۇق قەلبتە مۇناسىپ ئورۇن ، مۇناسىپ مۇھىتقا ئېرىشەلـىسە ، يەنى ئـىدىيىنى قوبۇل قىلىدىغان قەلب پاك بولسا ، ئەلۋەتتە ئۇرۇقنىڭ ئەمەلىيىتى پاك بولىدۇ .ئەگەر ئۇرۇق چۈشكەن جاي ياخشى بولمىسا ، ئۇرۇقنىڭ ئۆسـىشـىمۇ ياخشى بولمايدۇ . ئۇنداقتا ، ئـىسلام ئۇرۇق بولۇپ ، ساھابىلەرنىڭ قەلبىگە تاشلىنىپ ، ئۈنۈپ چىققانمۇ ؟ قۇرئان بۇنداق بايان قىلمايدۇ . ساھابىلەر زىرائەت يەنى ئۇرۇق . ئـىسلام دىنى ئۇرۇق چۈشـىدىغان جاي . ئۇرۇق ياخشى زىمىنغا چۈشكەندىلا ، ئاندىن ئوزۇق بارلىق لازىمەتلىكلىرى مۇناسىپ بولسا ، ئۇرۇق ئۆزى چۈشكەن زىمىن بىلەن تولۇق بىرلىشىپ ، ياخشى ئۈنۈپ چىقىدۇ . ساھابىلەر خۇددى ، ئۇرۇق ياخشى زىمىن ، مۇناسىپ سۇ ، ھاۋا بىلەن بىرلىشىپ ياخشى ئۈنگىنىدەك ، ئـىسلام بىلەن مۇكەممەل ئـومـۇمـيـۈزلۈك بـىرلـىشىپ ، بـىر گـەۋدىگە ئـايلانغان . چـۈنكى ، ئۇلار - ئۇرۇق ، ئـىسلام - ئۇرۇق چۈشـىدىغان مۇناسىپ تۇپراق ئـىدى .

بـۇ ، شـۇنداق بولغان . ئەمما ھازىرقى ئەمەلـىيەت شۇكى ، ھـازىرقى مۇسۇلمانلاردىن ، مۇسۇلمان بىز دەپ تۇرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئـىسلام بىلەن بىرلىشىش ، يەنى ئـىسلامنى قوبۇل قىلىشى كەمچىل ، يېرىم ياتا بولۇپ ، بىز ئومۇمەن ئـىسلام بىلەن ئەتراپلىق ، مۇكەممەل بـىرلـىشىشنى يـوقـۇتـۇپ قويدۇق . بىز ، ناماز بىلەن بىرلەشكەن مۇسۇلماننىڭ زاكات بىلەن

---

(1) 48ـسۈرە ، 29ـ ئايەت .

بىرلەشمىگەنلىكىنى ، زاكات بىلەن بىرلەشسە ، ياخشىلىقا بۇيرۇش ، يامانلىقتىن توسۇش بىلەن بىرلەشمىگەنلىكىنى ، ئەگەر بۇلارنى قوبۇل قىلىپ ، بىر گەۋدە بولۇپ ئىجرا قىلسا ، ھالال - ھارام مەسىلىرىگە سەل قاراۋاتقانلىقىنى ، ئەگەر بۇنى تولۇق ئىجرا قىلسا ، سىياسى ، ئىقتىسادىي ، جىسمانىي جىھاد ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش بىلەن كۈرەش قىلىش بىلەن بىرلەشمىگەنلىكىنى ، ئەگەر بۇلار بىلەن بىرلەشسە ، ئىسلامى مەدەنىيەت ، ئىسلامچە قىياپەتكە سەل قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مۇسۇلمانلار، ئىسلام بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك بىر گەۋدىلىنىشنى يوقۇتۇپ قويغانىنىڭ ئۈستىگە ، قىلىۋاتقان ئەمەل ئىبادەتلەر بىلەن بىرلىششى تولۇق ئەمەس. مەسىلەن ، مۇسۇلمانلار ، نامازنى ئەركەنلىرى ، شەرتلىرى ، ۋاجىپ سۈننەتلىرى بىلەن تولۇق ئادا قىلىشى ، ئوقۇغان نامىزى ئۇلارنى يامان ، بۇزۇق ئىشلاردىن توسۇشى ، جۈرئەت ، غەيرەت ، ئۈمىدۋارلىق ئاتا قىلىشى ، شۇنداقلا ناماز - ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز - قارچۇقىغا ، بارلىق دىنىنىڭ ئاساسى بولغان ئىسلامنىڭ تۈۋرىكىگە ئايلانغان بولىشى ۋە ئايلىنىشى كېرەك ئىدى . بىراق ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز قارىشىدا بۇنداق ھېسابلانمايۋاتىدۇ . ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق الله نىڭ قولىدا ، ئەجەل ئىلگىرى كېيىن قىلىنمايدۇ ، دەپ ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدە ، مۇسۇلمان ئادەم مەيلى جەڭنىڭ ئىچىدە بولسۇن ، مەيلى سىرىتتا بولسۇن الله دىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان ، خاتىرجەم ، يۈرىگى توم بولىشى كېرەك . ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا ئۇنداق بولماي قالدى . شەھىدلىكنى ئىزدەش . ھاياتلىقنىڭ يولى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش ، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش قەلبلەرنى تولدۇرىدىغان ھەقىقەت بولىشى كېرەك ئىدى . چۈنكى ، ئۆز ۋاقتىدا ئاقساق ياشانغان كىشى، بالىلىرى جەڭگە كىرگىلى قويمىغاندا ، بالىلىرى بىلەن جىدەللەشكەن . ئەمما ، ھازىرقى بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىدىن چۈشمەيدىغان ، قەلبى ئەقىدە قىلىدىغان ، دىنى يېتەكچىلەر كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان،لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىپادىلەنمەيدىغان ھەقىقەتكە ئايلىنىپ قالدى . ئەمەلىيەتتە الله تائالا بىزنى ئىسلامنى بىر پۈتۈن قوبۇل قىلىشقا بۇيرىغان .

« سلەر كىتابنىڭ ( يەنى تەۋراتنىڭ ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ ، بىر قىسىم ئەھاكملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر ؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتى دۇنيادا خارلىققا قېلىش ، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولۇشتۇر . الله قىلمىشىڭلار دىن غاپىل ئەمەستۇر .(1) » « ئۇلارنىڭ الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن .(2) » « سېنى بىز ( ھەقتە تۇرۇشقا ) مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق ، ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى ھەقىقەتەن تاس قالغان ئىدىڭ . ئەگەر شۇنداق قىلدىغان بولساڭ ، ئەلۋەتتە ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ ئازاپ بەرگەن بولاتتۇق ، ئاندىن سەن بىزگە قارشى ياردەم بېرىدىغان ھېچ ئادەم تاپالمايتىڭ(3)» .

الله بىزنى ئىسلام دىنىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوبۇل قىلىپ ، ئەمەل قىلىشقا بۇيرىيدۇ . « دۇنيادا ھالاك بولۇشتىن ، ئاخىرەتتە ئازاپقا قىلىشتىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار(4)» « سىلەر تۈيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار .(5) » ھازىرقى دەۋردىكى مۇسۇلمانلار ئاساسەن تولۇق قوبۇل قىلىش ھەم تولۇق ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى يوقۇتۇپ قويدى .

----------------------

(1) 2ـ سۈرە ، 85ـ ئايەت .
(2) 5ـ سۈرە ، 49ـ ئايەت .
(3) 17ـ سۈرە ، 74 ـ 75ـ ئايەت .
(4) 2ـ سۈرە ، 63ـ ئايەت .
(5) 39ـ سۈرە ،55 ـ ئايەت .

4

ئـەسلـدە ئـېتـقادقا ئـگە جـەمـئـيەتنـڭ هـەرخـل بـېسمـلارنـڭ نەتـجسـدە ، گـەرچە كۆرۈنۈشتە بولسمۇ مۇداپىئەسى بولدۇ . ئـسلام جەمئـيتى مەيلى ئەمەلـيەت ، مەيلى نەزەرىيە ، مەيلى تارىخ ، مەيلى ئـتـقاد ، مەيلى ئەمەل جەھەتتە بولسۇن قارشى ئـدىيەگە قارشى تۇرۇشتا ، هەرخـل جەمئـيەتتـن مۇداپىيەسى كۈچلۈك . ئەمما هازىر يۇقـرىدا بـز بايان قـلغان مەزمۇنلارنـڭ نەتـجسـدە ، ئـسلام جەمئـيتى ئۆزىنـڭ قوغدىنـشى ۋە مۇداپىيە كۈچـنى مۇتلەق يوقۇتۇپ قويدى . بۇ مەھرۇمـيەتنـڭ نەتـجسى شۇ بولدىكى ، دۇنيادا هەرقانداق بـر خاتا ئـدىيە ئازغۇنلۇق بولـدىكەن ، مۇسۇلمانلارنـڭ ئـچـدە ، ئاشۇ ئـدىيەنى تارقاتقۇچـلار ، قوللـغۇچـلار بار . يـغـپ ئېيتقاندا ، مۇسۇلمانلار جەمئـيـتى هەرقانداق خاتا ئـدىيەنـڭ هەرخـل باكتـرىيە ، متە - قۇرۇتلـرىنـڭ ئۆسۈپ ، تەرەققى قـلـشـغا مـۇناسـپ كـېلـدىغان ساسـلـققا ئـايلـنـپ قالدى . بـەلـكى مۇسۇلماننـڭ قـەلبى هەرقانداق شامال ۋە هەرقانداق دولقۇن ئۆچۈن ئوچۇق بولۇپ قالدى .

5

مـۇسۇلـمان تەبـئى هالدا الله نـڭ هۆكۈمـنـڭ باشقا هۆكۈملەردىن تـوغرا ئـكەنلـكـنى تونۇپ يېتـدۇ . « الله نـڭ دىنـدا چـلڭ تۇرۇڭلار ، الله نـڭ دىنـدىن ياخشى كـمـنـڭ دىنى بار ؟ بـز الله غا ئـبادەت قـلغۇچـلارمـز .(1) » « هەقـقەتەن ئۇ لەۋلـمەھپـۇزدا بـزنـڭ دەرگاھـمـزدا ( مۇقـملاشقان ) يۇقـرى مەرتـۋلـك هـېكمەتلـك ( كـتاب ) دۇر .(2) » بۇنـڭ نەتـجسـدە مۇسۇلـمان كـشى الله نـڭ هۆكۈمـنى ئۇققان هامان ، ئۇنـڭغا چـڭ يـېپـشـدۇ . بەزىـدە هۆكۈم توغۇرلۇق الله نـڭ كـتابى ، پەيغەمبەرىمـزنـڭ سۈنـنـتـدىن دەلـل ئـزدىسمۇ ، پاكـت ئېنـق بولغاندىن كېيـن ، دەرهال قوبۇل قـلـپ ، ئـەمەلگە ئايلاندۇرىدۇ .

----------------------

(1) 2ـ سۈرە ، 138ـ ئايەت .
(2) 43ـ سۈرە ، 4ـ ئايەت .

ئەگەر بۇنداق بولمايدىكەن . ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس . « ( ئى مۇھەممەد ! ) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى ، ئۇلار ( يەنى مۇناپىقلار ) ئۆز ئارىسىدىكى دە تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە ، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېياتقان بولمايدۇ .(1) » ئەمما ھازىرقى مۇسۇلمانلار پەرۋەردىگارى رەھمەت قىلغاندىن باشقىلىرى الله نىڭ ھۆكۈمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش تۇيغۇسىنى ، ھۆكۈمگە بويسۇنۇشنى يوقۇتۇپ قويدى . بۇنىڭغا ئەگىشىپ دىنىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى . ھەر - بىر ھۆكۈمگە الله نىڭ كىتابى ، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدىن پاكىت ئىزدەش ئۇياقتا تۇرسۇن ، خۇددى الله نىڭ قانۇنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ياكى ئىنكار قىلىش ھوقۇقى باردەكدەك ئۆزلىكىدىن ئىزدىنىدۇ . الله نىڭ ھۆكۈملىرىنى تالاش - تارتىش قىلىدۇ . توغرا خاتالىقىنى ئىسپاتلايمىز دەپ مۇنازىرە قىلىدۇ . الله نىڭ ھۆكۈمىنىڭ ھەممە ھۆكۈملەردىن توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىقتىدارى يەتمىسە قانداق قىلماقچى ؟ ھەقىقەت شۇكى ، ھاياتلىقتىكى ھەرقانداق بىر مەسىلىگە پەقەت الله ھۆكۈم قىلىدۇ . مەيلى بىز ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتەيلى ياكى يېتەلمەيلى ، الله نىڭ ھۆكۈمى ھەممىدىن ياخشى ، ھەممىدىن ئادىل ، توغرا . مانا بىز شۇنداق ئەقىدە قىلىمىز . بۇ مەڭگۈگە شۇنداق .

نېمە ئۈچۈن ئالتۇن ئىشلىتىش ، يىپەك كىيىملەرنى كىيىش ئەرلەرگە چەكلەنگەن .بۇ زىننەت تۇرسا . رويال چېلىش ، ئاڭلاش ھوزۇر ۋە سەزگۈ ئەزالارنى ھەركەتلەندۈرۈش تۇرسا ، بۇ نېمىشقا ھارام ؟ بۇنىڭ ھاراملىقىغا الله كەسكىن ھۆكۈم قىلغان . بۇنىڭ پاكىتىغا ، ھۆكۈم الله نىڭ ھۆكۈمى بولغانلىقى يېتەرلىك . لېكىن بۇ ، مۇسۇلماننىڭ مۇشۇ قاتارلىق جىنايەتلەرنى تەرك ئېتىشىگە يېتەرلىك بولمىدى . بۇ بىر مىسال ئۈچۈن كەلتۈرۈلگىنى ، لېكىن بۇ يەردە الله نىڭ ھۆكۈمىنى كۆزگە ئىلمىغاندەك ، ياكى ئۇنىڭ توغرىلىقىغا

---

(1) 4ـ سۈرە ، 65ـ ئايەت .

ئىشەنمىگەندەك ، ئۇلار نۇرغۇن مەسىلىلەردە چەكلىك ئەقلى ، يېتەرسىز ئىقتىدارى بىلەن ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ، الله نىڭ ھۆكۈمى ھەممىدىن ياخشى، توغرا ، ئادىل دېگەننى ھېس قىلىش ئىقتىدارىنى يوقۇتۇپ قويدى . چۈنكى ، الله بىزدىن ئالىم . الله ھەممىنى بىلىدۇ ، بىز بىلمەيمىز . بۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ، بىر قىسىم كاپىرلار ئوتتۇرىغا چىقارغان ئەركىنلىك شوئارىغا ،مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىنىپ كەتكەنلىكىدىندۇر . ئىنسانلار قانچە ئەركىنلەشسە شۇنچە ياخشى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولۇپ قالدى - دە ، ئۇلار بارلىق مەسئۇلىيەت ، بارلىق ئەخلاق ، قائىدە تۈزۈم ، نىزاملاردىن قۇتۇلماقچى بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، ھازىر ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئېچىنىشلىق ، ناچار ئادەتلەر بارلىققا كەلدى ، باشقىلارنىڭ ئابرويىنى تۆكۈش ، مال - دۇنياسىنى ھارامدىن يەۋېلىش ، مەسئۇلىيەتسىزلىك ، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ، كۆز بويامچىلىق قىلىش ، ۋاپاسىزلىق ، شەخسىيەتچىلىك ، نومۇسسىزلىق ، رەزىللىك قاتارلىقلاردىن مەيدانغا كەلگەن بۇ قەبىھ قىلمىشلارغا قارشى تۇرغۇچى يوق . كىشىلەر ئويلىماستىن بۇ تېيىلغاق يولغا مېڭىۋاتىدۇ . ئىنسانلار الله نىڭ بەندىسى ، ئۇلار مۇتلەق ئەركىن ئەمەس دەيدىغان ، ھەقىقەتكە كىشىلەرنى چاقىرىدىغان مۇسۇلمانلار بۇ قىلمىش ئالدىدا جاۋابكار . ئۇلار بۇ ئىشلار ئالدىدا الله نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشى لازىم ئىدى . ئىنساننىڭ الله قا بولغان يېقىنچىلىقى قانچە كۆپەيسە، ئۇ شۇنچە مۇكەممەللىشىپ ، تەرەققى قىلاتتى. بىراق الله نىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ھەم ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشقا تىرىشىدىغان ئاشۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىمۇ ئېزىتقۇلار ئازدۇرۇپ كەتتى . ئۇلارمۇ كۆپىرنىڭ تېيىلغاق يولىغا ماڭدى . ئىنسان پەقەت شۇ يولدىلا ماڭسا بولىدىغان ھەقىقەت يولىنى تاشلاپ قويدى . ئىنسانىيەتنى كۆپرىدىن ، ئازغۇنلۇقتىن ساقلاپ قېلىشنىڭ ئورنىغا ، كۆپرىنىڭ ئازغۇنلىقىغا ، زالالەتكە قوشۇلۇپ كەتتى . كۆپۈر ئازغۇنلۇقنىڭ شوئارلىرىنى بىر - بىر لەپ قوبۇل قىلدى . مۇشۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار الله قا بويسۇنۇشنىڭ روھىنى يوقۇتۇپ قويدى - دە ، گەرچە ئۇ بەزىدە كاپىر دەپ ئاتاشقا يول قويمىسىمۇ ، گەپ سۆزدە، ئەمەلىيەتتە ، ئېتىقادتا ئىسلامدىن بىر پۈتۈن چىقىپ

كەتتى . سىز بىرەر مەسىلە توغرىسىدا ، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ سۆزلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتناشقان مۇسۇلماننى تېپىشىڭىز ناھايىتى تەس . بەلكى سىز ئۇلارنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ پاكىتلىرى ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىشقا قاتناشتۇرالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتىڭىز . ئىسلامنى بىر تەرەپكە قويۇپ قويۇپ ، ماۋۇ مەسىلە ياكى مۇنداق ، ياكى ئۇنداق مەسىلە توغرىسىدا ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈپ باقايلى ، دەيدىغان ياكى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزلىكىدىن ئىزدىنىپ ، ئەقلىدىن ئۆتكۈزمىسە بولمايدىغان مۇسۇلمانلار نېمە دېگەن كۆپ ؟ ھەتتا ئىسلام كۆز قارىشىنى چىقىش قىلماي تۇرۇپ ، مۇلاھىزە قىلىنىدىغان ئىشلار ئادەتتىكى . بۇنداق ھالەتتە يەنە ئىسلام نىمىش قىلسۇن ؟ ھەقىقەتەن ئىسلام ئۇلاردىن بەك يىراقلاپ كەتتى . ئىسلام بىر دۇنيا ، ھازىرقى مۇسۇلمانلار باشقا بىر دۇنيا .

مانا بۇ ، مەن مۇشۇ كىتابنى يېزىۋاتقان ۋاقىتتىكى كۆپ ساندىكى ( ئاڭلىق ، مەدەنىيەتلىك) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى . ئۇلار ئاسەسەن يېتەكچىلىك ئورۇننى تەشكىل قىلغانلار .

## 6

ئىسلام مەدەنىيىتىگە تولۇق بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ، بۇ ئېچىنىشلىق ئەمەلىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ، مەيلى يول قويۇش ۋە ياكى باشقا تەرەپلەردىن بولمىسۇن ، مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمى بار . مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ، كۇپرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلار بار . مەسىلەن ، ئىسلام تارىخىنىڭ ئوبرازىنى چۇشۇرۇشكە ، ئەمەلىيەتنى بۇرمىلاپ دىن دۇشمەنلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقانلار بار . دىن بىلەن تىل ئوتتۇرىسىدىكى توسالغۇنى كۆپەيتىش ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن دىنى مەدەنىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ، بىلىپ - بىلمەي ئىسلام مەدەنىيىتىنى كۇپرىغا خىزمەت قىلدۇرىدىغان ھەدىس ، ئىسلام فىقھىلىرى توغرىسىدا گۇمان ، شەك پەيدا

قىلىش ئارقىلىق ، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ، ئۇنىڭ روھىيىتىنى يوقاتماقچى بولغان كىشىلەر بار . يەنە ، قۇرئانغا تەنە قىلىدىغان ، قۇرئاننى پارچىلايدىغان هازىرقى ئىسلام دۇنياسىنى مۇسۇلمانلارغا ئاجىز كۆرسۇتۇشكە ئۇرىنىدىغان ، ئىسلام ئۇچۇن خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ نامىنى سەتلەشتۇرىدىغان ، ياكى ئۇنىڭ ھەققانىيەت ئۇچۇن ياڭرىغان ساداسىنى ئۆچۈرمەكچى بولىدىغان كىشىلەر بار . الله ۋە پەيغەمبەرگە ئىشىنىش ئىسلامنىڭ ئاساسى بولغاچقا ، مۇشۇ ئىككى ئاساس ئۇستىدىمۇ گۇمان ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان كىشىلەر بار . يىغىپ ئېيتقاندا ، ئىسلامنىڭ ھەر قايىسى تەرەپلىرىنى خۇنۇكلەشتۇرۇشكە كۇپىر تۇتۇش قىلغان بولسا ، بۇنىڭغا مۇسۇلمانلاردىن بىلىپ - بىلمەي ، مەركەزلىك ھەمكارلاشقان ھەتتاكى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتقانلار بار . يەنە نۇرغۇن تەشۋىقاتچىلار باركى ، ئۇلار ئىسلامنىڭ ئورنىغا ھەرخىل نام ، ھەرخىل ئىسىمدىكى تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلەرنى دەسسەتمەكچى بولىۋاتىدۇ . بۇلارنىڭ نۇرغۇنى سىتىلىپ كەتكەن يۈزسىز ، ئاسى ، خائىنلار . ئېچىنىشلىق يېرى ، بىر قىسىم نادان مۇسۇلمانلار ، بىلمەستىن بۇلارنىڭ پىكرىنى قوللاپ بېرىۋاتىدۇ . دىن دۇشمەنلىرى بۇلار ئارقىلىق ، ئېتىقاد ، ئىدىيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ، غايە ۋە قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىش ، ئىسلامغا ئالاقىسى بار بارلىق ئەخلاق ، قانۇن پىرىنسىپلارنى سەتلەشتۇرۇش ، ئىسلامغا قارشى دەرىسلىكلەرنى تۇزۇش ھەم مۇسۇلمان ياشلىرىغا ئۇگۇتۇش ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا ، ئىسلام بىلىملىرىدىن كۇپىر بىلىمنى ئۆگۈنۇشنى پەرز دەرىجىسىگە كۆتۇرۇشكە قادىر بولدى . شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئالاقىسى بار بارلىق ئىشلاردىكى قىممەت قارىشىنى يوقۇتۇپ قويدى - دە ، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆز زىمىنىدا ، ئۆز كىشىلىرى ئارىسىدا تاشلاندۇق نەرسىگە ئايلىنىپ ، ئاياغ - ئاستى قىلىندى .

يۇقىرقىلاردىن كېيىن ، كىشىلەرنىڭ دىنى ئۆلچىمىمۇ تەۋرىنىپ كەتتى . ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قولىدا بىر خىل دىنى ئۆلچەم ، بىر خىل ھەقىقەت بارلىقا كەلدى . ھەتتاكى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئۆلچەملىرى مەۋجۇت ئەمەستەكدەك بولۇپ قالدى . مەسلەن ، سەممى ، راستچىللىقنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئايەتلەر بار :

ئا ــ « مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ( رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغۇرلۇق الله غا بەرگەن ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار . ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ ) شېھىت بولدى ، بەزىسى ( شېھىت بولۇشنى ) كۈتمەكتە ، ئۇلار ( پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى ) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق.(1) » بۇ ئايەتنىڭ ئۆلچىمىدىكى راستچىل كىشى ، الله يولىدا شېھىت بولغان ياكى شېھىتلىكنى كۈتۈپ تۇرغان ئادەم .

ب ــ « شۈبھىسىزكى ، ( ھەقىقى ) مۆئمىنلەر الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ، ئاندىن ، ( ئىمانىدا ) شەك كەلتۈرمىگەن ، ماللىرى بىلەن ، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر . ئەنە شۇلار ( ئىمان دەۋاسىدا ) راستچىللاردۇر .(2) » بۇ ئايەتنىڭ ئۆلچىمىدىكى راستچىل كىشى ، ئىمان بىلەن جىھادنى بىرلەشتۈرگەن كىشى .

ج ــ « سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرىشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ . بەلكى الله غا ، ئاخىرەت كۈنىگە ، پەرىشتىلەرگە ، كىتابقا ( يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا ) ، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ، الله نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا ، يېتىملەرگە ، مىسكىنلەرگە ، ئىبنى سەبىللەرگە ( يەنى پۇل - مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا ) ، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا

---

(1) 33ـسۈرە ، 23ـ ئايەت .
(2) 49ـسۈرە ، 15ـ ئايەت .

ئېرىشىشكە پۇل - مال ياردەم بېرىش ، ناماز ئوقۇش ، زاكات بېرىش ، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ، يوقسۇزلۇققا ، كېسەللىككە ۋە (الله نىڭ يولىدا قىلىنغان ) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەللەرگە كىرىدۇ . ئەنە شۇلار ( يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر ) ( ئىماندا ) راستچىل ئادەملەردۇر . ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر . » بۇ ئايەتنىڭ ئۆلچىمىدىكى راستچىل كىشى ، گەپ - سۆزىدىكى راستچىللىق بىلەن يۇقىرىدىكى ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرگەن كىشىدۇر . لېكىن ، بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلاردىن بەزىلىرى، راستچىللىقنى الله نى ئەسلەش دەپ قارىسا ، بەزىلىرى گەپ - سۆزدە راستچىل بولۇش دەپ قارايدۇ . بەزىلىرى ئۇنداق قارىسا ، بەزىلىرى مۇنداق قارايدۇ . ئاساسى ئۆلچەم تاشلىنىپ كەتكەن ....

يەنە بىر مىسال ، ئىسلامدىكى مۆئمىنلىكنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدا قۇرئان ۋە ھەدىستە تۆۋەندىكىدەك ئىبارىلەر بار :

ئا ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : « كىمكى بىر خاتا ئىشنى كۆرسە ، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن ، قولى بىلەن ئۆزگەرتەلمىسە قەلبى بىلەن ئۆزگەرتسۇن . قەلبى بىلەن ئۆزگەرتىش ئەڭ ئاجىز ئىمان .(1) » بۇ ھەدىستىكى ئىماننىڭ ئۆلچىمى سىزنىڭ خاتا ئىشقا تۇتقان مەيدانىڭىز .

ب ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن : « مىنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىگىنىنى قىلىپ ، تۇتقان يولى بويىچە ماڭىدىغان دوستلىرى ياردەمچىلىرى بار . ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن بىر بۆلەك كىشىلەر بارلىققا كەلدى . ئۇلار ئۆزلىرى دىگەننى قىلمايدۇ . باشقىلارنى بۇيرىغاننىڭ قارشىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ . ھەق ئۈستىدە تۇرغان كىشىلەرنىڭ يولىدا ماڭمايدۇ . كىمكى ئۇلار بىلەن قولى ئارقىلىق جىھاد قىلغان بولسا مۆئمىن . تىلى ئارقىلىق جىھاد قىلغان ئادەممۇ مۆئمىن ، قەلبى بىلەن جىھاد

-----------------------

(1) ئەھمەد ، مۇسلىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان .

قىلغان ئادەممۇ مۆئمىن. ئۇنداقمۇ قىلالمىغان ئادەمدە قىلچىلىك ئىمان بولمايدۇ .(1) » بۇ ھەدىستىكى مۆئمىنلىكنىڭ ئۆلچىمى ، الله بۇيرىغىنىنى قىلمىغانلارغا جىھاد قىلىش .

ج ــ الله تائالا مۇنداق دىگەن : « پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنۇش پەيدا بولىدىغان ، الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان ، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا ( كامىل ) مۆئمىنلەردۇر . ئۇلار ( مۇكەممەل رەۋىشتە ) ناماز ئوقۇيدۇ . بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل - مالدىن (الله يولىدا ) سەرپ قىلىدۇ . ئەنە شۇلار ھەقىقى مۆئمىنلەردۇر . ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا ( يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېئمەتلىرىگە ) ئېرىشىدۇ .(2) » مانا بۇ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى مۆئمىنلەرنىڭ ئۆلچىمى . ئەمما بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردىن بەزىسى ، روھنىڭ پاكلىنىشىلا مۆئمىنلىكنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارىسا ، يەنە بەزى بىر قىسمى باشقىچە قارايدۇ . بەزىسىنىڭ ئۆلچىمىدە ، تىلنىڭ لىكىلدىشىلا ئىمان دەپ قارايدۇ . ھەتتا بەزىدە ، قۇرۇق دەۋادىن باشقىسى يوق .

---

(1) مۇسلىم ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلغان .
(2) 8ـ سۈرە ،2ـ 3ـ 4ـ ئايەت .

بۇنىڭدىن سىرت يەنە مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ مەلۇم تەرىپىنى ھەممىدىن زىيادە ، مۇھىم بىلىپ ، مۇھىم بىلىشكە تىگىشلىك تەرىپىگە سەل قارايدىغان ئەھۋاللارنىڭ نەتىجىسىدە پەرزلەر ئۇنتۇلۇپ ، نەپىلىلەر پەرزدەك ، بەزى ئىشلار دىندىن بولسا ، بەزى ئىشلار خۇددى دىندىن ئەمەستىكىدەك بولۇپ كەتتى . بۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ . مەسىلەن : مەسجىد بار مەھەللىدە مەسجىد سېلىش ، الله ئەجىر بېرىدىغان ياخشى نەپلە ئىش . مۇسۇلمانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، الله نىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىش ، الله نىڭ سۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قىلىش ، ئىسلامى مۇھىت بەرپا قىلىش ئەڭ مۇھىم پەرزلەر . لېكىن بۇ پەرزلەر ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ قالدى . ياكى سىز ئۇنىڭغا كىشىلەرنى چاقىرسىڭىز ئازغىنە بىر قىسمىدىن باشقىلىرى ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشمايدۇ . نۇرغۇن كىشى الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ، الله خۇرسەن بولىدىغان ، دۇنيا ، ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان بۇ ئىش ئۈچۈن بىر كويمۇ چىقىم قىلمايدۇ . ئەمما ، ئەمەلىيەت شۇكى نەپلى ئىشلارغا يەنى مەسجىد سېلىش قاتارلىقلارغا قىلىنىدىغان ياردەم ھەددى - ھېسابسىز . ئەگەر بىز مەسجىدلەرنى زىننەتلەش ، ياساشقا چاقىرساق ، ياردەم قىلىدىغانلار كۆپ . لېكىن مەسجىدنىڭ ئاساسى بولغان ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىشقا ، مەسجىدتە سۆزلەنگەن الله نىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىشقا ياكى مەسجىدنى ساپ ساقلاشقا چاقىرساق ئادەم يوق . بۇنىڭ نەتىجىسىدە دىن كۆپىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ . الله نىڭ ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنمايدۇ . لېكىن مەسجىدلەر زىننەتلەرنگەن تاش پېتى قېلىۋېرىدۇ .

مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ھەم ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، ئۇلارنىڭ قېرىنداش بولۇشى ، ياخشى ئىشتا ئۆز - ئارا ھەمكارلىشىش ، ئۆز - ئارا دوست بولۇپ كۆيۈنىشى ئەڭ چوڭ پەرزلەر . لېكىن بۇ پەرزلەر ئادەتتىكى ئاددىي ، مۇستەھەپ ئىشتەك بولۇپ قالدى . مۇسۇلمانلار تالاش - تارتىشتا قالغان نەپلە ئىشلارنى دەپ دۈشمەنلەشتى . ئاددىي ئىشلار

سەۋەبلىك بۆلۈنۈپ كەتتى . بەزىلەر مۆئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلار بىلەن دوست بولدى . ئەمەلىيەتتە بۇ ھەرگىز ئاددىي ئىش ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « مۆئمىن بولماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر . ئۆز - ئارا دوست بولماي تۇرۇپ مۆئمىن بولالمايسىلەر .(1) » الله تائالا مۇنداق دەيدۇ : « ( ئى مۇھەممەد ! ) مۇناپىقلارغا بىشارەت بەرگىنكى ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ . ئۇلار مۆئمىنلەرنى قويۇپ ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ . ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ ؟ ( يەنى كۇففارلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە غەلبە تىلەمدۇ ؟ ) ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى الله غا خاستۇر .(2) » بۇ كەمچىلىكتىنمۇ چوڭ كەمچىلىك بارمۇ ؟ مۇسۇلمانلاردىن ئىسلام ئۈستىدە قالغانلار بۈگۈنكى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ناھايىتى زۆرۈر بولغان ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئەستايىدىل ، ئومۇمىي يۈزلۈك كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ . قانۇنچىلىقنى ئۆگەنگىنى باشقىسىنى ئۇنتۇيدۇ ، ھەدىسنى ئۆگەنگىنى باشقىسىغا سەل قارايدۇ . ھازىرقى زامان ئىسلام دەرىسلىكىنى ئوقۇغۇچى ، ئۇنىڭدىن باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ . بىرى ئىسلام تارىخىنى ئۆگەنسە بىرى ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ . يەنە بىرى ئىسلامغا قىلىنغان سۇيىقەستلەرنى تەتقىق قىلسا ، باشقىسى بىلەن كارى بولمايدۇ . قىسقىسى ھەر بىر مۇسۇلمان ئىسلامنىڭ بىر تەرىپىنى بىلسە ، باشقا بىر تەرىپىگە سەل قاراپ ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى دىن دەپ قاراپ نۇرغۇن زىديەت ، جېدەل تەپرىقىچىلىكنى مەيدانغا چىقىرىدۇ .

ھازىرقى دەۋرىدىكى دىنى ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغىنلار ناھايىتى ئاز . بىز ئىسلامنىڭ ئومۇمىي تەرىپىگە كۆڭۈل بۆلگەن ھەم مۇسۇلمانلارغا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئىقتىساس ئىگىلىرىنىڭ بارلىقىغا كېلىشكە بەكمۇ موھتاج . ھېچ بولمىغاندا ، ھەر بىر مۇسۇلمان ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسى

---

(1) تىرمىزى ، مۇسلىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان .

(2) 4ـسۈرە ، 138ـ 139ـ ئايەت .

بىلىملىرىدىن دەسلەپكى قەدەمدىكى سەۋىيەگە بولسىمۇ يېتىشى كېرەك . تېخىمۇ بولمىغاندا، ئىسلامنى گۇللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان دىنى يېتەكچىلەر ، ئۇستازلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسى بىلىملىرى تولۇق بولىشى كېرەك .

يۇقىرقىلار مۇشۇ كىتابنى يىزىۋاتقان ۋاقىتتىكى ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەلىم تەربىيە ئەھۋالىنىڭ قىسقىچە تەھلىلى . بۇ ۋەزىيەتنى ئۆڭشاش ئۈچۈن مۇكەممەل ئىسلام ئېڭىغا ئىگە ساغلام بىلىملا بولسا ، ھەر بىر مۇسۇلمان چامىسىنىڭ يېتىشچە ئىگەللىشى لازىم . بىلىش — ئەمەل قىلىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ . ھازىرقى مۇسۇلمانلارغا زۆرۈر بولغان ئىسلام بىلىملىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن .

1. ئۈچ ئاساس ــــ الله ، پەيغەمبەر ، ئىسلامنى بىلىش .
2. قۇرئان ۋە ئۇنىڭ بىلىملىرىنى بىلىش .
3. ھەدىس ۋە ئۇنىڭ بىلىملىرىنى بىلىش .
4. ئىسلام قانۇنچىلىقى ئىلمىنى بىلىش .
5. ئەقىدە ئىلمىنى بىلىش .
6. ئىسلام قانۇنچىلىقى ئۇسۇلىنى بىلىش .
7. ئومۇمى ئەخلاق ئىلمىنى بىلىش .
8. پەيغەمبەرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئىسلام تارىخىنى بىلىش .
9. دىن بىلەن تىل ئوتتۇرسىدىكى توسالغۇنى ھەل قىلىش .
10. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قىلىنىۋاتقان سۇيقەستلەرنى ھەمدە مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان رىقابەتنى بىلىش .
11. ھازىرقى ئىسلام دەرىسلىكلىرى ئىلمىنى بىلىش .
12. تەشۋىقات ئۇسۇلىنى بىلىش .

ئەگەر هازىرقى مۇسۇلمانلار مۆكەممەل ، ئەتراپلىق ئىسلام ئېڭىغا ئىگە بولۇشتىكى ئۆزىنىڭ نىسىۋىسىگە ئېرىشسە ، بۇ زىدىيەتكە تولغان بۆلۈنۈش ، ئېزىقتۇرۇشلار ئىچىدىن توغرا يول تېپىشى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام ئۈممىتىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىدە ھەققانى يولدا مېڭىشى مۇمكىن . بىز الله غا ھەمدە ئېيتىش ، پەيغەمبەرگە رەھمەت ، سالام يوللاش بىلەن سۆزىمىزنى تاماملاشتىن بۇرۇن ، نەزەرنى ياخشى ئىشلارغا قارىتىپ ، ئۆزى ۋە دىنى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلگەن ھەر بىر كىشىگە چىن دىلىمىزدىن تەشەككۇر بىلدۈرىمىز . ھەمدە دىن ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ھەر بىر ساغلام بىلىملەرگە ئەھمىيەت بېرىپ ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزىنى مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلەندۈرىشنى ئۈمىد قىلىمىز .

الله غا تۈمەن مىڭلاپ تەشەككۇر ، پەيغەمبەرگە چەكسىز سالاملار بولسۇن !

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم**